# «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)

**شى جىنپىڭ**

(بېشى 2 ـ بەتتە)

كېلىش يولىنى ئۇنتۇپ قالغان بىر مىللەت مۇقەررەركى چىقىش يولى يوق مىللەت بولۇپ قالىدۇ، ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالغان بىر پارتىيە مۇقەررەركى كەلگۈسى يوق پارتىيە بولۇپ قالىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، پارتىيە ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتىدا، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك ئامىللار ھەر ۋاقىت مەۋجۇت، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپلىق قىلىدىغان، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىدىغان تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ھەر جايدا بار، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ئىدىيە ساپ بولماسلىق، سىياسىي ساپ بولماسلىق، تەشكىلات ساپ بولماسلىق، ئىستىل ساپ بولماسلىق قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەر تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى.

ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەبىئىيلا ساقلىنىپ قېلىۋەرمەيدۇ، كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيەۋىلىكى پارتىيەلىك ئىستاژىنىڭ ئېشىشى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەبىئىيلا يۇقىرىلاپ قالمايدۇ. ئەسلى مەقسەتنىڭ سۈپىتى ۋە يېڭىلىقى تەبىئىي ساقلانمايدۇ، سەللا دىققەت قىلىنمىسا چاڭ ـ توزان بېسىپ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىشى، ئۇزاققىچە ئوزۇقلاندۇرۇلمىسا قۇرۇپ، سولىشىپ قېلىشى، مېڭىۋېتىپلا نېمە ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قېلىشى، ئاسانلا ئېزىپ قېلىشى، يىتىپ كېتىشى مۇمكىن. بىز تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ئاشۇ چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلتىقىغا چۈشۈپ كېتىشىدىكى سەۋەب تۈپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتكەنلىكىدە. ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش بىردەملىك ئىش ئەمەس، بەلكى ئۆمۈرلۈك ئىش، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئىدىيە، سىياسىيدا ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىشى، تەھلىل قىلىشى، چوڭقۇر ئويلىنىشى، ئۆزلۈكسىز تۈردە ئارىلاشما ماددىلارنى تېرىۋېتىشى، ۋىرۇسنى يوقىتىشى، بۇلغىنىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

مەن ھەمىشە پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار دائىم پارتىيە نىزامنامىسىنى ئوقۇپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاپ تۇرۇشى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ سالام خېتىنى كۆرۈپ تۇرۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلەپ كەلدىم. پارتىيە نىزامنامىسىنى كارىۋات بېشىغا قويۇپ، دائىم سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ، ئۆزۈم قىلالىدىممۇ ـ يوق؟ ئۆزۈم ئەسلى مەقسەتكە خىلاپ قىلمىشلارنى قىلدىممۇ ـ يوق؟ دەپ قاراپ بېقىشى كېرەك. ئۆزىنى دائىم تازىلاپ تۇرۇش كېرەك، ئەينەكنى دائىم سۈرتۈپ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى دائىم ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇشقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە «توغرىلىنىش»قا، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى بىلەن «سكانېرلاش»قا، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىدىن ئىبارەت «رېنتگېنگە چۈشۈش»كە، ئەجدادلار، ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىلغار تىپلار بىلەن «سېلىشتۇرۇش»قا، ئۆزلۈكسىز تۈردە ئەسلى مەقسەتنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى قوغداشقا، ئۆزلۈكسىز تۈردە بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشقا، باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەتتە ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇش، بۇرچى زىممىسىدە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەسلى مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، بۇرچنى يېتەكلەپ، پارتىيەنىڭ ئۆزگىچە تارىخىدىن ئەسلى مەقسەتنى ئىزدەپ، بۇرچنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چېنىقتۇرۇش داۋامىدا ئەسلى مەقسەتنى تاۋلاپ، بۇرچنى چۈشىنىپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچكە ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ئالدى بىلەن ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىلغارلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەن: «ئىدىيەۋى تەربىيەنى ئىگىلەش پۈتۈن پارتىيەنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇلۇغ سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى.» كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى خەلققە بولغان ساپ مۇھەببەتتىن، ھەقىقەتكە بولغان قەتئىي ئىشەنچتىن كەلگەن بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ماركسىزمنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. پەقەت ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىقتا ئاندىن تېخىمۇ ئاڭلىق بولغىلى بولىدۇ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشتا ئاندىن تېخىمۇ قەتئىي بولغىلى بولىدۇ.

ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، ئۆگىنىشتە ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن جەزمەن مەڭگۈ ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىك كېرەك. ھازىر بەزى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئۆگەنمەسلىككە ئايلاندۇرۇۋالدى؛ بەزىلىرى ئېسىگە كەلسە ئۆگىنىپ قويۇپ، ئۈچ كۈن بېلىق تۇتۇپ، ئىككى كۈن تور قۇرۇتىدۇ؛ بەزىلىرى ئۆگىنىشنى ئىشقا بېزەك قىلىۋېلىپ، يۈزەكى ئۆگىنىپلا بولدى قىلىپ، چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلمەيدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى پارچە ـ پۇرات، ئىختىيارىي بولۇپ، قىزىقىدىغانلىرىنى ئۆگىنىدۇ، قىزىقمايدىغانلىرىنى ئۆگەنمەيدۇ؛ نۇرغۇن ياش كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئاساسى تېخى پۇختا ئەمەس، غايە ـ ئېتىقادى تېخى دېگەندەك قەتئىي ئەمەس. ھەقىقىي ئۆگىنىش، ھەقىقىي چۈشىنىش، ھەقىقىي ئىشىنىش، ھەقىقىي ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن كۆپ قېتىم: جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۆگىنىشكە تايىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن، يەنە جەزمەن ئۆگىنىشكە تايىنىپ كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدىم. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىشى، ئۆزى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، ئىدىيەسى يەنىلا ئۆتمۈشتە توختاپ قالماسلىقى، مەسىلىلەرگە قاراش، تەدبىر بەلگىلەش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتا يەنە كونا قاراشتا بولۇۋەرمەسلىكى، كونا يولدا مېڭىۋەرمەسلىكى، كونا ئۇسۇلنى قوللىنىۋەرمەسلىكى كېرەك. بولمىسا، دەۋرگە يېتىشەلمەي، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمەيلا قالماي، يەنە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، خىزمەتكىمۇ دەخلى يەتكۈزىدۇ. بۇ مەسىلە جەزمەن پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنى شوئار قىلىپ توۋلىماسلىق، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنى دېمەيلا قويايلى، خەن سۇلالىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان» خىيالىي دۇنيا كىشىلىرىدىن بولماسلىق كېرەك!

نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش بىر قەدەم ئىلگىرىلىسە، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى كېرەك. پارتىيەنىڭ ھەر قېتىملىق مەركەزلىك تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ھەممىسىدە ئىدىيەۋى تەربىيە باشلامچى قىلىندى، ئۆگىنىش چوڭقۇر بولماسلىق، ئىدىيەدە بىرلىككە كەلمەسلىك، ھەرىكەتتە يېتىشەلمەسلىك مەسىلىسى كۈچەپ ھەل قىلىندى، ھەم ئۆزلۈكسىز كۈچەپ، ھەم مەركەزلىك كۈچەپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىدىيەدە بىرلىككە كېلىشى، سىياسىيدا ئىتتىپاقلىشىشى، ھەرىكەتتە بىردەك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇندى. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشنى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە بىزنىڭ ئۇلۇغ كۈرەش قىلىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مول ئەمەلىيىتىمىز بىلەن باغلاپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشتە جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىدىيەنى ئازاد قىلىش داۋامىدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقىمىز ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىمىزنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن مەسىلىلەرگە توغرا قاراش جاسارىتى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. «ئالىيجانابلارنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشى كۈن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلغىنىغا ئوخشايدۇ: سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندە، ھەممە ئادەم كۆرىدۇ؛ سەۋەنلىكنى تۈزەتكەندە، ھەممە ئادەم تەرىپلەيدۇ». مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىش، خاتالىقنى باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىش پارتىيەمىزنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى. لېنىن مۇنداق دېگەن: «خاتالىقنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبىنى ئېچىپ تاشلاش، خاتالىق پەيدا بولغان مۇھىتنى تەھلىل قىلىش، خاتالىقنى تۈزىتىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىش ــ مانا بۇ بىر ئەستايىدىل پارتىيەنىڭ بەلگىسى». قۇدرەتلىك پارتىيە ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش داۋامىدا تاۋلىنىپ چىققان. پارتىيە تارىخىنى ئەسلىسەك، پارتىيەمىز ھامان ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىللە، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشقا دادىل تۈرتكە بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، مەسىلىگە توغرا قاراشقا، كەمچىلىكنى تۈگىتىشكە جۈرئەت قىلىپ، سۆڭەكنى قىرىپ زەھەرنى تازىلاپ، چىرىگەن مۇسكۇللارنى ئېلىۋېتىشتە دادىل بولۇپ كەلدى. پارتىيەمىز باشتىن ـ ئاخىر دەل مۇشۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرغاچقا، ئاندىن خەۋپلىك پەيتلەردە خەتەر ئىچىدىن ھاياتلىق يولىنى تېپىپ، سەۋەنلىكتىن كېيىن قالايمىقانچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوڭشاپ، مەڭگۈ يىقىلمايدىغان، ئۆرۈلمەيدىغان ماركسىزملىق پارتىيەگە ئايلاندى.

ھازىر، ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى سۇسلىشىپ قالدى، ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەتلىنىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش ئىقتىدارى چېكىنىپ كەتتى، ئۆز پايدا ـ زىيىنىنىلا ئويلىشىپ، كېسەلنى يوشۇرۇپ داۋالىنىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ تەنقىد قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇستاتلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاياپ، گاس ـ گاچا بولۇۋېلىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ چىرىكلىشىپ كەتتى، ئىنتىزامنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدۇ ھەتتا قارشىلىشىپ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى چەكلىسىمۇ تۈگىمەيۋاتىدۇ. قەدىمكىلەر مۇنداق دېگەن: «جاھاندا ساقلاش ئەڭ تەس بولغىنى قەلب، جاھاندا ئەڭ ئاسان ئېزىقتۇرۇشقا ئۇچرايدىغىنى نەپسى». «كۆڭۈل ئوغرىسى» پەيدا بولغان ھامان، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئىرادىسى سۇسلىشىدۇ، ئەسلى مەقسەتكە خىلاپلىق قىلىپ، بۇرچنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئىنتىزامنىڭ تۆۋەن چېكىدىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ.

ئەسلى مەقسەتنى تۇرغۇزۇش ئاسان، باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش قىيىن. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئىنقىلابىي غايە ۋە تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈر قورالنى ياخشى ئىشلىتىپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىش، پارتىيە ئىشلىرىغا توسالغۇ بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق ھادىسىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى، پارتىيە ئورگانىزمىغا يېپىشىۋالغان بارلىق مەينەت نەرسىلەرنى تازىلاپ، پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك. پارتىيەمىز دۆلەت ئىچكى ئەنسىزلىك، تاشقى پاراكەندىچىلىككە دۇچ كەلگەن، مىللەت خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان پەيتتە دۇنياغا كەلگەن. دۇنياغا كېلىپلا كۈرەش قىلىش تامغىسى بېسىلغان، باسقان ھەربىر قەدىمىدە كۈرەش ئىچىدىن ھاياتلىق يولى تېپىپ، تەرەققىي قىلغان، غەلىبىگە ئېرىشكەن. مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە قانچە يېقىنلاشقانسېرى سەپەر شۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا، ھەتتا دەھشەتلىك دولقۇنغا تولغان بولىدۇ. ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن خاتىرجەم كۈنلەردە خەۋپنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ھاياتلىقتا ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، خۇشاللىقتا غەم ـ قايغۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ساقلاپ، روھنى ئۆزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۇرغۇپ، يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

بىز دەۋاتقان كۈرەش، كۈرەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەمەس، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېغىر يۈكنى بىلىپ تۇرۇپ زىممىگە ئېلىش، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشتۇر. پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلاردا كۈرەش قىلىش روھىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئالىدىغان ـ ئالمايدىغانلىقىنى ئۆلچەشتە، چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق ئالدىدا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلىش ـ قىلالماسلىق، زىددىيەتكە تاقابىل تۇرۇشتا قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىش ـ قىلالماسلىق، خەۋپ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلىش ـ قىلالماسلىق، سەۋەنلىك ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش ـ قىلالماسلىق، ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار كەيپىيات ئالدىدا قەتئىي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ـ قىلالماسلىققا قاراش كېرەك.

ھازىر بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئارىسىدا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى خالىمايدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالمايدىغان مەسىلىلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بەزىلەر «ياخشىچاق ئادەم»، «تىنچ ئەمەلدار»، «يۇمىلاق تاۋۇز» بولۇپ، «يۇيىدىغان قاچا قانچە كۆپ بولسا، قاچىنىڭ چېقىلىش ئېھتىماللىقى شۇنچە كۆپ بولۇش»تىن تەشۋىشلىنىپ، «ھەممىگە ياخشى بولسام تىللايدىغانلار بولمىسا، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا مەندىن ياردەم تەلەپ قىلمىسا»، «چاتاق چىقماسلىق ئۈچۈن، ئامال بار ئىش قىلماسلىق»، «نەتىجىگە ئېرىشىشنىلا ئويلاپ، ئىش قىلىشنى خالىماسلىق، نام چىقىرىشنىلا ئويلاپ، كۈچ چىقىرىشنى خالىماسلىق»قا ئىشىنىدۇ؛ بەزىلىرى «بۇتخانىدىكى لاي بۇددىسىتۋا، بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ»، زىددىيەتكە دۇچ كەلگەندە ھودۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ، كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلسە بەزگەكتەك تىترەيدۇ. بۇ نەدىمۇ كوممۇنىستلارنىڭ قىياپىتى بولسۇن؟! مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىسا، قىلىدىغاننى قىلمىسا، ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايلا قالماي، بەلكى ئىش چوقۇم بۇزۇلىدۇ، چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىدۇ.

پارنىكتا كۆككە تاقاشقان چوڭ دەرەخ ئۆسۈپ چىقمايدۇ، بوشاڭلىق قىلىدىغانلار ئۇلۇغ ۋار ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، پەي ـ سۆڭەكلىرىنى چېنىقتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتالايدىغان قاتتىق ئومۇرتقىلىق، تۆمۈر يەلكىلىك ھەقىقىي ئىقتىدارلىق بولۇپ چىقىشى، جۈرئەتلىك بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىم بىلىشى، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇشى، ئېغىر، زور خىرىسقا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئېغىر، زور توسالغۇنى يېڭىش، ئېغىر، زور زىددىيەتنى ھەل قىلىش داۋامىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئالدىدا مېڭىشى، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشى كېرەك.

بەشىنچى، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن پارتىيە ئىچىدىكى تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تۈزۈم ئەۋزەللىكى بىر پارتىيە، بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: «تۈزۈم ياخشى بولسا ئەسكى ئادەملەر خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلالمايدۇ، تۈزۈم ياخشى بولمىسا ياخشى ئادەملەر تولۇق ياخشى ئىش قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ، ھەتتا سەلبىي تەرەپكە مېڭىپ قالىدۇ.» پارتىيەمىز تۈزۈم تاكامۇل بولماسلىقنىڭ زىيىنىنى تارتقان. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيەنى تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قائىدە ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى بىر يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈردى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قائىدە ـ تۈزۈم تۇرغۇزۇشتا، سىستېمىلىق تەپەككۇر، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر، تۆۋەن چەك تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، يېتەكچىلىك، قاراتمىلىق، مەشغۇلاتچانلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ھەم مەسىلىنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئادەتتىكى ئەپچىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە دەل تەگكۈزۈش؛ ھەم نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەت تەلىپىنى قاندۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ ھەم يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى نىزام، تۈزۈملەر بىلەن يۇغۇرۇپ تۇتاشتۇرۇپ، چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىدە چىڭ تۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئورنىتىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئورنىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۈزۈم ئورنىتىشتا، چوڭ ھەم تولۇق بولۇپ كەتسىمۇ، كىچىك ھەم ئۇششاق بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ، «كالا قوتىنىدا مۈشۈك بېقىش»قىمۇ، بەك مۇرەككەپ قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ.

تۈزۈم رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر جەزمەن تۈزۈمنىڭ ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىپ، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا تۈرتكە بولىدىغان تۈزۈمنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تاللاپ قىلىش، ئۆزگەرتىپ قىلىش، يېرىم ـ يارتا قىلىش ئەھۋاللىرىنى قەتئىي توسۇپ، قاتتىق چەكلەشنىڭ «رېزىنكە بوغقۇچ»قا، «ئۇزاق ئۈنۈملۈك»لۈكنىڭ «ئۈنۈمسىز»لىككە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئالتىنچى، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. رەھبەرلىك ئورگانلىرى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى مۇھىم ئورگان، رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار» بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتتە يۆنىلىش بەلگىسى رولىغا ئىگە. «ئالىيجانابلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى شامالغا ئوخشايدۇ، ئاۋامنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئوت ـ چۆپكە ئوخشايدۇ، شامال ئوت ـ چۆپكە ئۇرۇلسا، ئوت ـ چۆپ جەزمەن شامالغا ئەگىشىپ يەلپۈنىدۇ.» ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ ئادەملەردىن تەلەپ قىلىش، ئارقىدا تۇرۇۋېلىپ ئادەملەرگە تۈرتكە بولۇشنىڭ ھەممىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئادەملەرنى يېتەكلەشكە يەتمەيدۇ. ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ئۈلگە بولۇشى، زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.

«ئەگەر باشلامچىلىق بىلەن نەتىجە ياراتمىسا، باشقىلار بويسۇنمايدۇ، قايىل بولمايدۇ.» رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈشى، ئىشلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى پارتىيەمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ مېڭىشىدىكى ئاچقۇچ. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا، «ماڭا ئەگىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار» دەپ توۋلاش بىلەن «ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار» دەپ ۋارقىراش بىر خەت پەرقى بىلەن، ئاسمان ـ زېمىن پەرقلەنگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيەمىزدە جياۋ يۈلۇ، گۇ ۋېنچاڭ، ياڭ شەنجۇ، جاڭ فۇچىڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق زور بىر تۈركۈم قەھرىمان نەمۇنىچىلار باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسەتكەچكە، پارتىيەمىز ئاندىن خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ساقلاپ، دائىم سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشى، تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ ئانالىز قىلىشى، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك.

بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىدىغان، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، تاشقى مۇھىتتىكى پايدىسىز ئامىللار كۆپەيدى، دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايدى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئېغىرلاشتى. ۋەزىيەت قانچە كەسكىن، مۇرەككەپ بولغانسېرى، رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىرادىنى شۇنچە ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توغرا كېلىدۇ، ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل، ئېغىر بولغانسېرى رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن شۇنچە باشلامچى بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىپ، «ئىمتىھان بېرىش» روھىي ھالىتى بىلەن پارتىيە ۋە خەلققە قانائەتلىنەرلىك بىر پارچە جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**